# ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ۋاجىپتۇر

[ئۇيغۇرچە]

# بر الوالدين

[باللغة الأويغورية]

ئابدۇلۋەھھاب مۇھەممەد
مۇھەممەد مۇسا
عبد الوهاب محمد - محمد موسى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ۋاجىپتۇر

ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، ئۇلار خۇرسەن بولىدىغان سۆز ۋە ئىشلارنى قىلىش، پەرزەنت بولغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئەڭ ئەقەللى تەلەپ بولۇش بىلەن بىرگە ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ ئاساسى ئەخلاق-پەزىلەت.ئىنساننىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئەڭ دەسلەپ ئورناتقان كىشىلىك مۇناسىۋىتى ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتۇر.كىشىلەر ئىچىدە سىزگە ئەڭ ياخشىلىق قىلىدىغىنى، ئىشىڭىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، بەخت-سائادەتلىك بولىشىڭىزغا ئەڭ ھېرىس بولىدىغىنى ئاتا-ئانىڭىزدۇر، ئۇلار سىزنىڭ مەۋجۇتلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى، ھېچ نەرسىگە كۈچىڭىز يەتمەيدىغان ئاجىز ۋاقتىڭىزدا سىزنى ئاسرىدى ۋە تەربىيلىدى. سىزنىڭ خوشاللىقىڭىز ۋە راھىتىڭىزنى دەپ كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. شۇڭا ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ۋاپا يەتكۈزەلمىگەن ئادەمنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى، ئۇستازلىرى ۋە ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقىنىمىزدا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانا دەرەخنىڭ ئۇلىغا، پەرزەنت دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ. بۈيۈك ئىسلام دىنىمىز ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى، ئۇلارنى ھەر-ۋاقىت ھۆرمەت قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپە دەپ قاراپ، ئۆز ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلغۇچىلارغا دۇنيادا بەختلىك،ئاخىرەتتە سائادەتمەن بولىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر

بەردى.ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (ئاللاھ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر ». ئەھقاف سۈرىسى15 ـ16ـ ئايەتلەر.

ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىق ۋە ھېسداشلىق قىلىشىغا، كىمنىڭ ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى سوراپ كەلگىنىدە، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇبارەك ھەدىسى بىلەن جاۋاپ بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ ھەقلىق؟ دەپ سورىدى.رەسۇلۇللاھ ، ئاناڭ ، دەپ جاۋاپ بەردى.ئۇ ئادەم ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ، ئاناڭ، دەپ

جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم يەنە ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ، ئاناڭ، دەپ جاۋاپ بەردى . ئۇ ئادەم ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ ، ئاندىن قالسا داداڭ، دەپ جاۋاپ بەردى. (بۇخارى رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈچ قېتىم، دادىغا ياخشىلىق قىلىشقا بىر قېتىم تەۋسىيە قىلدى.چۈنكى ئانا ھامىلدارلىق، تۇغۇش، ئېمىتىش، سۈتتىن ئايرىش قاتارلىق كۆپ جاپالارنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت پەرزەنتنى تەربىيلەشتە ۋە ئاسراشتا دادا بىلەن تەڭ ھەتتا دادىدىنمۇ كۆپرەك كۈچ چىقىرىدۇ. يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق دادىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى.چۈنكى دادا بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە، ئۇنى بەخت-سائادەتلىك قىلىشتا كۈچىنى ئايىمايدۇ. ئۇ بالىغا ئوزۇقلۇق راستلاش، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ.شۇڭا پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشى، كىچىكلىكى ۋە ئاجىزلىقىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەجىر-مېھنىتىنى ئەسلەپ ئۇلارغا قارىتا مۇئامىلىسىنى ياخشى قىلىشى، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا ئالدىراپ، ئاتا-ئانىسىنى نارازى قىلىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغان رەۋىشتە ئۇلارغا كۆيۈمچان بولۇشى، خۇسۇسەن ئۇلار ياشقا چوڭ بولۇپ، ئاجىزلىغان مەزگىلدە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى باش تارتىشقا بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ھەقىقى مۆمىن كىشى ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزىدىكى ھەققىگە، ئۇلارغا بويسۇنۇش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا خەير-ئېھسان قىلىشنىڭ

زۆرۈرلۈكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئاتا-ئانىنىڭ يۈزى ياكى ئۇلار بالا ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ئىشلارنىڭ ياندۇرۇلىشى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالا پەرزەنتنى ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئۇلارغا ئېھسان قىلىش،كۆيۈنۈشنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان ئايەتتە بىرگە زىكىر قىلدى. بۇنىڭ ئۆزى، ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىمانى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. ئىسرا سۈرىسى23-24-ئايەتلەر.

مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ تەۋسىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئانا-ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇسا ئەلۋەتتە ئۇ پەرزەنت ئانا-ئانىنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ:

1- گۇناھ-مەئسىيەتلىك ئىش بولمىسىلا، ئانا-ئانىنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا بويسۇنىدۇ، توسقانلىرىدىن يانىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك

كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن». لوقمان سۈرىسى 15-ئايەت .

2- ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەيدۇ، چوڭ بىلىدۇ،ئۇلارغا كەمتەر بولىدۇ.گەپ-سۆزدە ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ،ئۇلارغا قوپاللىق قىلمايدۇ.ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭمايدۇ، خوتۇن ياكى بالىسىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ، ئۇلارنى ئىسمى بىلەن چاقىرمايدۇ، بەلكى ئانا، دادا دەپ چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىسىز سەپەرگە چىقمايدۇ. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دېگەن.ئۇ: ئۇلار ھايات دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بولغىن شۇنىڭ ئۆزىمۇ جىھاد دېگەن» بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

3-قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدۇ، تاماق بېرىش، كىيىم كىيگۈزۈش، كېسىلىنى داۋالىتىش، زىياندىن ساقلاش، ئۆزىنى پىدا قىلىشلارغا ئوخشاش ياخشىلىق ۋە خەير-ئېھساندىن چامىسىنىڭ يېتىشىچە قىلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «مال - مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى

ئاتا ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ» بەقەرە سۈرىسى 215-ئايەت.

4-ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارغا سىلە رەھىم قىلىدۇ.ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولىشىنى تىلەيدۇ، ۋەدىلىرىنى ئورۇندايدۇ، دوستلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەبۇ سەيد سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا مەن قىلغۇدەك ياخشىلىق قالدىمۇ؟دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇلار ھەققىدە ناماز ئوقۇش، ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئىش بار. مانا بۇ ئۇلاردىن كېيىن ساڭا قالغان سەن قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەتلىرىدىن.

5- ھەممە ئىشلاردا ئۇلارغا مەسلىھەت سالىدۇ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزرە ئېيتىدۇ، ئاتا-ئانىسىنى رەنجىتمەيدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىز بولۇشتىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلە قىلغىنىدەك مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ ؟ ئۇ،ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىشتىن ئىبارەتتۇر»مۇسلىم رىۋايىتى. ئەمىر ئىبنى مۇرەتىل جۇھەنى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە:« بىر كىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇسام، پەرز روزىنى تۇتسام، زاكاتنى ئادا قىلسام، ھەج قىلسام ماڭا قانداق ئەجىر بېرىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇشۇنداق قىلغان كىشى ئاتا-ئانىسىنى قاخشاتمىسىلا قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شەھىدلەر، سالىھلار بىلەن بىللە بولىدۇ»، دەپ جاۋاپ بەردى .

6- ئۇلاردىن يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرمايدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا پۇتىنى سۇنمايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ھەر قانچە يۇقىرى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر دادىغا مەنسۇپ بولۇشتىن نومۇس قىلمايدۇ، ئاتا-ئانىسىنى تونۇماس بولىۋېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىدۇ.

7-ئاتا-ئانىسىنى ھايات ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرغىنىدەك، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە ۋە خەير ئېھسان قىلىدۇ، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: « ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن» .

خۇلاسە، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەر بىر پەرزەنتىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. ئاتاقلىق ئەدىب مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ئېيتقاندەك: "ئاتا-ئانىنىڭ ئالىڭ ئاددى ھەققى شۇدۇركى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن دۇنياغا تۆرەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل" .

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ياشلىرىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان بۈيۈك ئەخلاق بىلەن قەلبلىرىنى يورۇتۇپ بەرسۇن.

ئاپتورنىڭ «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقىدا » ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلىنىپ دارۇل ئىسلام تور بېكىتى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ نەشىرگە تەييارلاندى.